# شېئىرلار

**ئابلىز ئوسمان**

### باغ لىرىكىسى

1

مۇھەببەتلىك ئىللىق قوينۇڭدىن،
كەڭ دۇنياغا ئاقىدۇ زەمزەم.
پېشلىققا ئاشىق دىللارنىڭ،
ئىستەكلىرى بولغاچ مۇجەسسەم.

سەن خەلقىمنىڭ ئازادە كۆڭلى،
بېغىشلايسەن ھەر جانغا ھۇزۇر.
ئالتۇن رەڭلىك مېۋىلىرىڭدە،
چاقنايدۇ نۇر، چاقنايدۇ غۇرۇر.

2

يىپەك يولى ئارامگاھىسەن،
يۈرەكلەرگە بەرگەن كۈچ- دەرمان.
نەپەس ئالغاچ تىنىقلىرىڭدىن،
توختاتمىغان سەپەرنى كارۋان.

شاۋقۇنلايدۇ جىمجىتلىقىڭدا،
گۈزەللىكنىڭ چەكسىز دولقۇنى.
جەننىتىم سەن يۇرتۇم باغلىرى،
تالىق ساڭا قەلبىم يالقۇنى.

3

- كاككۇك، كاككۇك ...
شۇنچە يېقىن، شۇنچە يىراقتىن،
توختىماستىن ياڭرار شۇ سادا.
گۈللەر تىترەر، كېپىنەكمۇ ھەم،
ۋىسال -ھىجران قايىنمى ئارا.

قاي ئاشىقنىڭ ۋىسال ناخشىسى،
جۈپ-جۈپ قۇشنىڭ ۋىچىرلاشلىرى؟
پەرھات-شىرىن ئۇنىدۇر بەلكىم،
ياپراقلارنىڭ پىچىرلاشلىرى.

شېئىر يازار ناۋائى بوۋام،
يىراقلارغا قاراپ زوقلىنىپ.
پەرىشتىنىڭ چۈشلىرى ئارا،
يۇرتۇم بېغى چاقنار نۇرلىنىپ.

### ئۈجمە دەرىخى

سەن تارىمدىن كۆكلىگەن بىر روھ،
ئىزگۈلۈكنىڭ ئاددىي ھەيكىلى.
يىلتىزلىرىڭ سۇ ئىچكەن بەلكىم،
تۇپراقتىكى بوۋام- مومامنىڭ
ئۆلمەس سۆڭەك- يىلىكلىرىدىن،
غۇبارسىز پاك يۈرەكلىرىدىن.

سېنى كۆرسەم پارلايدۇ دۇنيا،
كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ بوۋام.
سېنى كۆرسەم تۆكۈلەر زىيا،
كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ مومام.

قوينۇڭ ئوچۇق ھەر جان- جانۋارغا،
جىلۋىلىرىڭ تۆكىدۇ يۇلتۇز،
تېرىۋالار سەبىي باللار.
قونۇۋېلىپ يەلكەڭگە خۇشال،
چۇرۇقلايدۇ بىغەم، شوخ قۇشلار.

ئۇزاق يولدا ھەمراھ ساھىلغا،
سايىلىرىڭ - جەننەت ھۇزۇرى.
نېمىتىڭنىڭ خىسلەتلىرىدىن،
چاقنار ھارغىن كۆزلەرنىڭ نۇرى.

سۆيۈپ ئۆتسە شامال شېخىڭنى،
مەن ئاڭلايمەن بوۋام ئۈنىنى.
تۈنلەر ئارا يامرىغان نۇردەك،
قەدىم مۇڭلۇق دۇتار كۈيىنى.

ھەر تال شېخىڭ خىزىرغا ھاسسا،
خىسلەتلىرىڭ ھاتەمگە تۇلكە.
ئۇنسەڭ ئىدىڭ ھەر دىل-يۈرەكتە،
يۇركۇنەتتى بۇ دۇنيا گۈلگە.

### بۇلاق لىرىكىسى

بۇلاق...
ۋىلىق-ۋىلىق كۈلگەندەك بوۋاق،
يەر تېگىدىن ئۇخچۇپ چىقسەن،
قىز كۆزىدەك ئويناق ۋە ئوماق.
قىزىق ئىش-ھە؟
ئوت قالىغاندەك تېگىڭدىن،
قاينايسەن بۇلدۇقلاپ،
ئېيتقىنا سوراي سېنىڭدىن:
نە سەۋەب قىشتا ئىللىقسەن،
تومۇز ئايلىرى
مۇز كەبى سوغۇق؟

### يېزا باللىرى

سۆيۈپ ئۆتەر گۈزەل يېزىنى،
غۇر-غۇر سوقىدان تاڭ شامالىرى.
سىلكىنىدۇ قىزلار چېچىدەك،
دەل-دەرەخنىڭ نوتا- تاللىرى.
يۇگۇرۇشىدۇ ئەنە كىيىكتەك،
گۈل يېزامنىڭ شوخ باللىرى،
سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتىشەر
ئۇچرىغاندا موماي، چاللىرى.
ئۇلار بارار مەكتەپكە چېپىپ،
تومۇردا ئۇرغۇپ قانلىرى.
كەچتە ئۇلار كەلگەندە ئۆيگە،
قارشى ئېلىپ سەكرەر ماللىرى.
ئايمۇ چىقىپ يېزا قوينىدا،
چاقنىغاندا چىراغ نۇرلىرى،
ئىشلەر قالغان تاپشۇرۇقنى،
بەكمۇ گۈزەل ئوي-خىياللىرى.
ھايات شۇنداق قىلغاچقا داۋام،
بولار ئۇلار يۇرت ئوغلانلىرى،
ئىشىنىمەن شۇلار بولغاچقا،
چېچەكلەيدۇ ئىقبال باغلىرى.

# شېئىرلار

**جاببار ئەمەت**

### ھايات قىممىتى


كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى نەدە؟
ئۆلچىنەر ئۇ پەقەت ئەجىر- تۆھپىدە.
ئۇنىڭ چىن شاھىدى گۇۋاھچىسىدۇر
ئەمەلىي ئىش- ھەرىكەت، ئۇنۇم - نەتىجە.

تۆھپىدىن ئابىدە تىكلىگەن ئىنسان،
بولىدۇ ھەققىي ئۆلمەس قەھرىمان.

ئادەملەر جىسمىدا قان بولمىغاندەك،
بولمىسا روھىدا ئىلىم ۋە ئىرپان،
ئۇ شۇنچە زەئىپتۇر، ئۇ شۇنچە ئاجىز،
يوق ئۇندا چوڭ ئىشقا چارە ۋە ئىمكان.

### كىتاب

زېھنىنىڭ ئوزۇقى، مادارى كىتاب،



كۆلۈپ كەلدى ياز، تەبىئەتكە ناز،
كۆللەردە ئوينار ئۆردەك بىلەن غاز.

نىجات سابىت فوتوسى

# پارتىيىگە مەدھىيە

**قۇربانجان قاسىم**

ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۇق،
پارتىيىنىڭ مېھرىدە.
شۇڭا چاقنار شاد كۈلكە،
بارچە مىللەت چېھرىدە.

كومپارتىيە دەۋرىدە،
تۇرمۇشىمىز پاراۋان.
ھارماي- تالماي ئىشلىگەچ،
بوستان بولدى باياۋان.

يىلدىن يىلغا ئوخشىدى،
پاختا، بۇغداي ھەم قوناق.
كومپارتىيە بولمىسا،
تاپالسۇن كىم روناق.

سېلىشتۇرساق ئۆتمۈشنى،
بۇ بەختلىك يىللارغا.
پارتىيىنى مەدھىيىلەپ،
سۆيگۈ تولار دىللارغا.

پارتىيىنىڭ مېھرىدە،
توققۇزىمىز تەل بولدى.
ئىقبال بىزگە خۇش بېقىپ،
ئارزۇيىمىز ھەل بولدى.

شۇڭا ئوقۇپ مەدھىيە،
پارتىيىنى كۈيلەيمىز.
جاسارەتتە، غەيرەتتە،
كۈندىن كۈنگە ئۆرلەيمىز.

# پارتىيە ھەققىدە قوشاقلار

پەرۋاز قىلدى ئاسماندا
مەھەللىمىزنىڭ كەپتىرى.
ئەلگە ئامەت ياغدۇرغان
پارتىيىنىڭ تەدبىرى.

بۈركۈت يېنىك پەر قېقىپ
كۆتۈرۈلدى ئاسمانغا.
پارتىيىنىڭ تۆھپىسى
سىغماس تۈمەن داستانغا.

چىلگە قوناق تېرىدۇق

ئادەم زېھنى ئېچىلار



تۆھپىدىن ئابىدە تىكلىگەن ئىنسان،
بولىدۇ ھەقىقىي ئۆلمەس قەھرىمان.
جاي ئېلىپ تارىخنىڭ سەھىپىسىدىن،
خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ ھامان.

ھاياتتا ھەممىدىن ئالىي پەزىلەت،
ئۆمرىنى بېغىشلاش مېھنەتكە ئەبەد.
جاپالىق ئەجرىدىن كىم ئالسا ئۇنۇم،
شۇ بولار ھەقىقىي باتۇر- ئەزىمەت.

سەن بىلىق، ئاۋامنىڭ قوينى كەڭ دېڭىز،
ئۇنىڭدا ئۈزۈلۈشنىڭ قىممىتى چەكسىز.
شارائىت ئۆزگىرەر، مۇھىت ئۆزگىرەر،
مۇستەھكەم ئىرادە ئۆزگەرمەس ھەرگىز.

بولۇشنى خالىساڭ تۆھپىكار ئىنسان،
نام-شۆھرەت ئىزدىمە، خالىس بول ھامان.
بولۇپ ئەل ئىشىغا سەممىي، سادىق،
ئۇتۇق ۋە تۆھپەڭدىن راسلىغىن خامان.

**بىلىم**

بىلىمدۇر ئادەمنىڭ روھى ئۈچۈن جان،
بىلىمدۇر تۈگىمەس مۆجىزىلىك كان.
بىلىمدۇر قىممەتلىك ئەڭ ئېسىل گۆھەر،
بۇ گۆھەر بولغاچقا گۈللەنگەن جاھان.

زېھنىنىڭ ئوزۇقى، مادارى كىتاب،
ئۆمۈرنىڭ ئەڭ كۆركەم باھارى كىتاب.
بىلىمگە ئىنتىلگەن ھەر بىر ئىنساننىڭ
تەشنالىق بۇلىقى، خۇمارى كىتاب.
ئۇنىڭدىن سۇ ئىچكەچ ئادەملەر روھى،
پارلايدۇ قەلبىدە مىڭ قۇياش - ئاپتاپ.




چىلگە قوناق تېرىدۇق
ئوبدان ئىشلەپ ئېگىزغا.
پارتىيىنىڭ شەپقىتى
ئوخشار چوڭقۇر دېڭىزغا.

ئادەم زېھنى ئېچىلار
قىلىپ بەرسە تەپەككۇر.
قەلبىمىزدىن ئۇرغۇيدۇ
پارتىيىگە تەشەككۇر.

**ئابلىز قۇربان** توپلىغان

## ماقال- تەمسىللەر

△ ساھىبخانا سۈلكەتلىك بولسا، داستىخىنى بەرىكەتلىك بولار.
△ ساھىبخانا سايراپ تۇرسا، مېھمان يايراپ ئولتۇرار.
△ ساھىبخانا نان تەڭلىسە يېمەيمەن دېمە، قولۇڭغا ئال، يېمىسەڭ يېمە.
△ ئەسكى مېھمان ئىشىكتىن كىرگىچە، كەشى تۆرگە چىقىپتۇ.
△ ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ سوراپ كىر.
△ گاھى چاغدا مېھمان كېلىدۇ، مانتا- پولو ئەتكۈدەك، گاھى چاغدا مېھمان كېلىدۇ، يۇگۇرۇپ قوپۇپ تەپكىدەك.
△ كەلگىچە مېھمان ئويۇلىدۇ، كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى.
△ مېھمان بار چاغدا مۈشۈكنى پەش دېمە.
△ مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئاش قوي، ئىككى قولىنى بوش قوي.
△ سىرىقتالدا كەلگەن مېھمان ئوغرى كىرگەندىنمۇ يامان.
△ ئۆزى كەلگەن مېھمان بەرگەنگە رىزا، چاقىرىپ كەلگەن مېھمان ئارتقۇزىدۇ ئىزا.
△ قىزغانچۇق ئالدىرايدۇ ئالغىلى، مېھماندوست ئالدىرايدۇ داستىخان سالغىلى.

**ئابدۇرېشىت ئوسمان** توپلىغان

## مىراس

**مۇھەممەتجان راشىدىن**

قان - قېرىنداش، جان-جىگەرلەرگە نىزا سالغان مىراس،
ئاتىلاردىن ئات بېشى ئالتۇن كەبى قالغان مىراس،
جەڭگە-جېدەلگە سەۋەبكار، قاش- قاپاق يارغان مىراس،
گاھىدا كەلكۈن بولۇپ، گاھ ئوت بولۇپ يانغان مىراس،
چاۋىسىن چىتقا تالايلارنىڭ تۇگەل يايغان مىراس.

ياخشى پەرزەنتلەر پەرىشتىدەك چىرايلىق ئۆتتى خوپ،
بىر-بىرىدىن دەرد ئەمەس، ئەكسىچە ئىنساپ كۈتتى خوپ،
تەگكىنىگە بولدى رازى، ئۆز ئىچىدە پۈتتى خوپ،
ھەر بىرىگە بۇ مىراس گويا كى زەر تون تۇتتى خوپ،
ياشىسۇن دەيمىز شۇڭا، شاھلارچە قۇتلانغان مىراس.

بەزىلەر ئەمما ئاتا ياكى ئانا ئۆلمەي تۇرۇپ،
بەر مىراس! دەيدۇ، مىراس نەق قانچىلىك، بىلمەي تۇرۇپ،
ھازىدا ماجىرا قىلۇر پاك مۇردىنى كۆممەي تۇرۇپ،
قان بولۇشقا قامچا تەييار، بىر قازان بۆلمەي تۇرۇپ،
كەتتى توزۇپ قانچە چاغدىن ئەلدە ماختالغان مىراس.

چۈشسە سەكراتقا ئاتا، شۇڭلاشقا قايغۇردى ئانا،
ئالتە پەرزەنتتىن مىسالى، تۆتىنىڭ كۆڭلى ئالا،
بۇ مەرەزلىكلەر ئۈچۈن قۇتلۇق مىراس بولدى بالا،
شۇ سەۋەبتىن گاھ ئۇقۇلدى سۈرە ياسىنمۇ چالا،
بىرىگە راست، بىرلىرىگە بولدى دەل يالغان مىراس.

بولدى ئۆگەي ئۆز قېرىنداش شۇ مىراس غەۋغاسىدا،
مەن بولاي! دەيدۇ جىمسى سوت ئارا دەۋاسىدا،
ئەقلىدىن ئازدى تالايلار شۇ مىراس سەۋداسىدا،
كونا غۇملار چىقتى بىردىن شۇ مىراس باناسىدا،
ئالتە بىشەم ئالدىدا ئابرويى بۇلغانغان مىراس.

قىز قېرىنداشلار بۇرەر كاپشىپ-ۋالاقلاپ كەچكىچە،
تالشىپ، نوغۇچ، سۈپۈر، ھەتتا سۇنۇق ئەپكەشكىچە،
ئۆلمەن، دەيدۇ بىرى، دەۋادامەن باش ئەگكىچە!...
تۆت بولۇڭنى ئاختۇرۇپ يىغدى كۆسەي، تەشتەككىچە،
مەنزىلىن بىلمەي بارارغا باشلىرى قايغان مىراس.

بۇ مىراستىن كەتتى ئوت ئەخمەق ئوغۇللار پەيلىگە،
ئەر تۇرۇپ كىردى تۈگەل «ۋىت-ۋىت» خوتۇنلار كەينىگە،
ئويىندى شەيتان ئۇسسۇل قويماي ئەقلىنىڭ مەيلىگە،
ئايرىلىپ كەتتى قېرىنداشلار تامام يات -غەيرىگە،
ۋاي ئىست، ۋارىسلىرى دۈشمەنگە ئايلانغان مىراس.

× ×

بولدىڭىزمۇ سىزمۇ، دوستۇم، شۇ كېسەلگە مۇپتىلا؟
مەنچە بولسا شۇ مىراستىن قان - قېرىنداشلىق ئەلا،
شۇڭا سىزمۇ ھەم تالاشماڭ، خەققىمۇ قىلماڭ سالا،
دەيدۇ سىزنى ئەلمۇ شۇندا: مانا بۇ ئالتۇن بالا!
قالدۇ سىزدىنمۇ ھەم ئالتۇندا چايقالغان مىراس.

## ئىككى غەزەل

**نەمەت ناسىر**

1

گۈللىتەي ئۆمرۈم بېغىنى چىڭ تۇتۇپ پۇرسەتنى مەن،
پەن-بىلىمنىڭ كانىدىن ئىگىلەپ ھېكمەتنى مەن.

ئادىمىيلىك قىممىتىنى ئاشۇراي تۆھپەم بىلەن،
بارچىدىن ئەلا بىلىپ، ئەڭ ئېسىل خىسلەتنى مەن.

بولسىمۇ ئىقبال تېغىنىڭ چوققىسى قانچە ئېگىز،
ئۆرلىگەيمەن دوست تۇتۇپ، غايە ۋە جۈرئەتنى مەن.

ۋەتىنىم، خەلقىم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تەر ئاققۇزۇپ،
ئىشلىگەيمەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ خىزمەتنى مەن.

يول يىراق، مۈشكۈل خەتەرلىك، بولسىمۇ تىلسىم داۋان،
مۈشكۈلات تېغىنى يەنچىپ، قازىناي نۇسرەتنى مەن.

ئەلنى كۆيلەش، ئەلنى گۈللەش ھەرقاچان ئەرنىڭ ئىشى،
كۆچ قاتاي ھەر بىر ئىشىمدا ئەلا بىلىپ مېھنەتنى مەن.

2


سەھرالىقنى پەس كۆرمە، مەن تۇغۇلغان سەھرادا،
ئۆزۈڭنىڭمۇ زۇۋۇلاڭ يۇغۇرۇلغان سەھرادا.

كۆزلىرىدە نۇرى بار، ۋۇجۇدىدا ماگىسى،
بىسى يانماس شەمشەرلەر سۇغۇرۇلغان سەھرادا.

چۈمۈچلىرى ماي بولغان، ئۆزى داڭلىق باي بولغان،
ساخاۋەتچى مەردلەر بار نۇرغۇنلىغان سەھرادا.

ئىشچانلارنىڭ تەرىدىن گۆھەر زېمىن گۈللىنىپ،
ھاياتلىقنىڭ ئۇل تېمى قوپۇرۇلغان سەھرادا.

گۈلشەن بولدى باياۋان، كۆچ بەرگەچكە ھۆر دەۋران،
ئۈمىد - ئىشەنچ يانماقتا بولۇپ گۈلخان سەھرادا.



سەبىي چاغلار

غەيرەت مەتتۇرسۇن فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتى

C : دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قېيىنچىلىقى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى
D : ئىقتىسادىي قانۇن-نىزامنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش
E : زېھنىي مەبلەغ: فوند، زايوم، پاي چېكى، قەرەللىك مال
F : دۇنيا ئىقتىسادى ۋە دۇنياۋى چوڭ بازار
△ ئۈرۈمچىدە ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان مەخسۇس تېمىلار
1. شياڭگاڭ ۋە «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» جەمئىيەتكى قانۇن

## ۋەكالەت بەلگىسى

1ـ ئەترەت: ئۈرۈمچى، مىچۈەن، تۇرپان، پىچان، قۇمۇل
جياڭ پېڭ (A)، ۋاڭ شۇۋېن (△)، دۇڭ مىڭچۈەن (A)، زاڭ جېفېڭ (B)، ليۇ يىڭچيۇ (F)، لى جۈن (F)، ۋۇجىڭمىڭ (A)، لى گۈيچېڭ (B)، ۋاڭ سۇيچى (D) لۇجيۈەن (B C)، شۈي ياپېڭ (E)، جۇدا چى (D)
ئالاقىلەشكۈچىسى: ۋېي شيەن

خىزمەتچىلىرى: ئارزۇگۈل، گوگۇاڭخۇي، يۈەن خېيخۇڭ
3ـ ئەترەت: شىخەنزە، ماناس، قاراماي، ئالتاي
ۋاڭ شۇۋېن (A)، زاڭ جېفېڭ (B)، ۋېي جېي (A)، شاۋنىڭ (B)، ۋاڭ يىۋۇ (C)، مالىنا (D)، شۈي شياۋسۇڭ (E)، شېن جېك (F)
ئالاقىلەشكۈچىسى: ۋاڭ كېبو
خىزمەتچىلىرى: پاتىگۈل، تيەن خۇەن
4ـ ئەترەت: غۇلجا، كۈنەس، كورلا، مالەن
لياڭ جۇ (B)، ۋۇگۇاڭخۇي (A)، ۋۇمىڭياڭ (B)، شى چى (C)، ۋاڭ شۈلى (C)، ليۇبوخۇا (D)، ۋاڭ دۇڭجېڭ (D)، جاڭ گۇاڭشېڭ (F)، جاڭ خۇڭلياڭ (E)، خۇاڭ جىڭگۇي (F)، خەن گۈيرۇ (C)، ساۋلىڭجۈەن (A)، ۋاڭ داچېڭ (F)، جۇمەخۇن نىياز (C B)، نۇرمۇھەممەت كېرىم (A)، رەھىم يۈسۈپ (F ، E ، D)، ئابدۇقادىر ئىسمائىل (A)
ئالاقىلەشكۈچىسى: ئەنۋەر ئىمىن
خىزمەتچىلىرى: ليۇفاڭ، پاشا كېۋىر، ماخىيەن، گۈلنار بارات، ليۇلىخۇڭ

## 4. كونسۇلتاتسىيە پونكىتلىرى، ئورنى، ۋاقتى جەدۋىلى

| ۋاقتى | پونكىتى | ئورنى | دائىرىسى | ئالاقىلەشكۈچىسى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|
| 25 ـ22.7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ خەلق سارىيى | ئۈرۈمچى رايونى، بىگتۈەنگە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلار، سانائەت 1ـشىسى، بىگتۈەن ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى | ۋېي.شيەن | (0991) 2844024 |
| 24 ـ 22.7 | شىخەنزە | شىخەنزە شۆبە ھەربىي رايون زالى | يېزا ئىگىلىك 8ـشىسى، شىخەنزە شەھىرى (مەركىز، پىگشەھەر پونكىتلىرىغا تەۋە رايون) | خۇاڭ ۋېنجۈن | (0993) 2012715 |
| 24 ـ22.7 | شىخەنزە | شەھەرلىك س س م ب ئىدارىسى زالى | يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى، شىخەنزە شەھىرى (باشقا رايون) | خۇاڭ ۋېنجۈن | (0993) 2012715 |
| 24 ـ 22.7 | ماناس | پارتىيە مەكتىپى مەجلىسخانىسى | ماناس، قۇتۇبى ناھىيىلىرى | جاڭ جىنشېڭ | (0994) 6661964 |
| 24ـ 22.7 | مىچۈەن | ناھىيىلىك داۋشياڭ مېھمانخانىسى | سانجى ئوبلاستىغا قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر (ماناس، قۇتۇبى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس)، يېزا ئىگىلىك 6ـ شىسى | دىڭ ئىنتاۋ | (0994) 5302491 |
| 7.22 ـ 24 | بورتالا | ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى كۇلۇبى | ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، يېزا ئىگىلىك 5ـشىسى | جاڭ تيەنخۇ | (09093) 222094 |
| 1.8 ـ 30.7 | كورلا | يېزا ئىگىلىك 2ـ شىسى مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى كىنوخانىسى | ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، يېزا ئىگىلىك 2ـشىسى | مۇچېڭيى | (0996) 2028884 |
| 29 ـ 27.7 | ئاتۇش | ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن زالى | ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر | ياڭ جيەنشىن، شيا مىڭفاڭ | (09081) 223741 (09081) 223633 |
| 1.8ـ 30.7 | قۇمۇل | شەھەرلىك ھۆكۈمەت زالى | ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، بىگتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى | رېن گاڭ | (0902) 2233659 |
| 28 ـ 26.7 | تۇرپان | مەمۇرىي مەھكىمە 3ـقەۋەت مەجلىسخانىسى | ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، بىگتۈەن 221ـ، 222ـتۈەنلىرى | چاڭ خۇاڭ | (0995) 523533 |
| 28 ـ 26.7 | پىچان | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەجلىسخانىسى | پىچان ناھىيىسى | شېن جيالەن | (0995) 221723 |
| 1.8 ـ 30.7 | ئالتاي | ۋىلايەتلىك مېھمانخانا (ئوتتۇرا بىنا) 3ـقەۋەت مەجلىسخانىسى | ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، يېزا ئىگىلىك 10ـشىسى | لياڭ جېفېي | (09009) 221415 |
| 28 ـ 26.7 | شىخو | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت زالى | ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر | لى يۈەنخەي | (0992) 502298 |
| 24 ـ 22.7 | غۇلجا | ئوبلاستلىق مېھمانخانا زالى | ئىلى ۋىلايىتى (كۈنەس بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس)، يېزا ئىگىلىك 4ـشىسى | جياجېڭ | (0999) 8020540 |
| 24 ـ 22.7 | غۇلجا | غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش زالى (ئۇيغۇر تىلىدا) | ئىلى ۋىلايىتى (كۈنەس بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس)، يېزا ئىگىلىك 4ـشىسى | جياجېڭ | (0999) 8020540 |
| 28 ـ26.7 | كۈنەس | ناھىيىلىك مېھمانخانا زالى | كۈنەس ناھىيىسى ۋە قوشنا رايون | ۋېي فاڭ | (0999) 5022229 |
| 28 ـ 26.7 | كۈنەس | ناھىيىلىك س س م ب ئىدارىسى مەجلىسخانىسى (ئۇيغۇر تىلىدا) | كۈنەس ناھىيىسى ۋە قوشنا رايون | ۋېي فاڭ | (0999) 5022229 |
| 2.8 ـ 31.7 | ئاقسۇ | ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى | ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، يېزا ئىگىلىك 1ـشىسى | ۋۇچياڭ | (0997) 2123349 2108 ،2179 |
| 29 ـ 27.7 | قەشقەر | مەمۇرىي مەھكىمە 1ـقەۋەت يىغىن زالى | ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، يېز ا ئىگىلىك 3ـشىسى | ياڭ شۇگاۋ | (0998) 223857 |
| 29 ـ 27.7 | قەشقەر | مەمۇرىي مەھكىمە 2ـقەۋەت يىغىن زالى (ئۇيغۇر تىلىدا) | ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، يېز ا ئىگىلىك 3ـشىسى | ياڭ شۇگاۋ | (0998) 223857 |
| 25 ـ 23.7 | خوتەن | شەھەرلىك ھۆكۈمەت زالى (1ـقەۋەت) | ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، بىگتۈەن خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسى | جاڭ چاڭشۇ | (0903) 222061 |
| 25 ـ 23.7 | خوتەن | شەھەرلىك ھۆكۈمەت زالى (2ـقەۋەت) (ئۇيغۇر تىلىدا) | ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر، بىگتۈەن خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسى | جاڭ چاڭشۇ | (0903) 222061 |
| 28 ـ 26.7 | كۈيتۇڭ | كۈيتۇڭ مېھمانخانىسى زالى | كۈيتۇڭ شەھىرى، يېزا ئىگىلىك 7ـشىسى | لوخۇەييۈەن | (0992) 221061 |
| 1.8 ـ30.7 | يېزا ئىگىلىك 9 ـ شىسى | تۆربىلجىن يېزا ئىگىلىك 9ـ شىسى ئورگان بىناسى 6ـقەۋەت مەجلىسخانىسى | يېزا ئىگىلىك 9ـشىسى | جۇسىچېڭ | (09003) 341157 |
| 5 ـ 3.8 | مالەن | ئىجتىمائىي مۇلازىمىلىق بۆلۈمىنىڭ 1ـقەۋەت مەجلىسخانىسى | مالەن | يۈي شەنفا | (0991) 2958480 |
| 28 ـ 26.7 | قاراماي | قاراماي كۆنتۆپخانىسى دوكلات زالى (1ـقەۋەت) | قاراماي شەھىرى، قوبۇقسار ناھىيىسى | چېن يۈيۈەن | (0990) 223436 886136 |

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ھاۋا رايى: كۈندۈزدىن كېچىگىچە بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا 20 ℃ ـ 34 ℃ بولىدۇ، ئۈچ بال شامال چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سىنگاپورنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئۈچ چوڭ ئەگگۈشتىرى

1996 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى مۇنۇلارنى جاكارلىدى: سىنگاپور تەرەققىي تاپقان دۆلەت سەۋىيىسىگە يېتىپ، ئاسىيا بويىچە تەرەققىي تاپقان 2 - دۆلەت بولۇپ قالدى. سىنگاپور قانداق قىلىپ تەرەققىي قىلدى؟ سىنگاپورلۇقلار يېقىندا مۇخبىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق ئۈچ چوڭ ئەگگۈشتىرىنى ئاشكارىلىدى.


1. سىنگاپورلۇقلار تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى: نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ ئۇزاق مۇددەتلىك گۈللىنىش يولىغا مېڭىش ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك قۇربانلارنى بېرىش كېرەك. سىنگاپور ھۆكۈمىتى چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ سىنگاپورلۇقلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتسىمۇ، ئەنئەنىۋى بېسىمغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇردى. چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ سىنگاپورغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، سىنگاپور ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2. مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىنى، بولۇپمۇ ئىشچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى. ھۆكۈمەت مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى.

3. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سالدى، ئۇلارنى يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. سىنگاپور ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا مۇقىم مائاش بەرمەسلىكنى بەلگىلەپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ تۇراقسىز مائاش بەردى.

جاپالىق تىرىشچانلىقلار مول مېۋە بەردى. بۈگۈنكى كۈندە ئاران 2 مىليون 800 مىڭ ئاھالىگە ئىگە سىنگاپورنىڭ يىللىق سودا سوممىسى 150 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 50 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

(«تەرمىلەر گېزىتى» دىن)



بېيجىڭ ئەينەك زاۋۇتىنىڭ غەربىي كوچىسىدا يېقىندا بىر شەخسىي ئاچقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاش ئۆيى بارلىققا كەلدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاش ئۆيىنى بېيجىڭ قەدىمكى سەنئەت ھەسسىدارلىق مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش جىڭلىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلىغۇچى ماۋېيدۇ ئاچقان.

سۈرەتتە: ئۇ ئۆزى ساقلىغان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت فارفور بۇيۇملارنى جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاشقا قىزىقىدىغانلارغا تونۇشتۇرماقتا.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى)

# ئايالىرى سودا قىلىپ، ئەرلىرى دېھقانچىلىق قىلىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن دېھقانلار

«ئەر سىرتتا پۇل تېپىپ جاھاندارچىلىق قىلىش، ئايال ئۆيدە تۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلىش ۋە بالا بېقىش» بۇرۇندىن قالغان ئۆزگەرمەس قائىدە ئىدى.

ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ھازىر جياڭسۇ، سىچۈەن، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەردە ئايالار ئەرلەرگە ئوخشاش بازارغا دادىل ئاتلىنىپ، دۇكان ئېچىپ سودا قىلىدىغان، سىرت جايلارغا بېرىپ ئىشلەپ پۇل تاپىدىغان ياكى كەشتىچىلىك، تىككۈچىلىك ھۈنىرىگە تايىنىپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرىدىغان، ئەرلىرى بولسا يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ تىرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك قىلىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن، ئەر - خوتۇنلار ئۆزئارا ماسلىشىپ ئائىلىنى تەڭ گۈللەندۈرىدىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئىلگىرى سىرتتا ئىشلەپ، ھازىر ئۆيدە دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان بىر ئوتتۇرا ياش ئەر مۇنداق دېدى: ھازىر بۇ يېزىدىكى ئايالارنىڭ مېڭىسى ئېچىلىپ، يەم - پاراستى ئاشتى، جاسارىتى ئۇرغۇدى، ئۇلار ئەرلەردىن قېلىشمايدۇ. مەن سىرتتا بىر نەچچە يىل ئىشلەپ ھېرىپ كەتتىم. دىمىم ئالغۇم كېلىپ قالدى. بالىلارنىڭ ئانىسى سىرتقا چىقىپ باقماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىز «سىمېنا» ئالماشتۇردۇق. دېمىسىمۇ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئېغىر، ئايال كىشىنىڭ قىلىپ كېتەلىشىمۇ قىيىن، مەن ئەر كىشى بولغاندىكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيمەن.

خەۋەر قىلىنىشچە، خۇنەن ئۆلكىسى لىڭلىڭ ۋىلايىتىدىكى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئاياللىرى بۇلتۇر بىر يىلدىلا بۇ ۋىلايەتكە 30 مىليون يۈەندىن كۆپ كىرىم قىلىپ بەرگەن. بۇ، ئاياللارنىڭ «يېرىم دۇنيا»لىق ئورنىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ۋە كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

(«شەھەر يېتەكچىسى گېزىتى» دىن)



دۇگبېي ئورمانچىلىق داشۆسىدە بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئون نەچچە ئوقۇغۇچى شىزاڭغا بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلاردىن ئورمان ئاسراش كەسپىدە ئوقۇۋاتقان سۇڭ چاڭجۇن (ئوڭدىن 2 - كىشى) قاتارلىق تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ تەلىپى تەستىقلىنىپ بولدى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ شىزاڭ ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، شىزاڭنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى.


سۈرەتتە: ئۇلار ئەيني ۋاقىتتا شىزاڭغا ياردەم قىلغان پروفېسسور پەن جېنزېنى شىزاڭنىڭ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى)

# دۇنيادا ئاق ئالتۇنغا بولغان ئېھتىياج ئاشماقتا

ئەنگلىيە «پۇل مۇئامىلە ئالەملىرى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 1995 - يىلى دۇنيا بويىچە ئاق ئالتۇننىڭ تەمىنات مىقدارى بىلەن ئاق ئالتۇنغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى تەڭ نىسبەتتە ئۆرلەپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج

16 يىل ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلغان. روسىيە دۇنيادىكى 1 - چوڭ ئاق ئالتۇن ئېكسپورت دۆلىتى. ئۇنىڭ 1995 - يىلى ئېكسپورت قىلغان ئومۇمىي ئاق ئالتۇنى 1 مىليون 280 مىڭ ئۇنسىيەگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن



# لى پېڭ كوتدىۋا زۇڭلىسى بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8-ئىيۇل تېلېگراممىسى.** گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن «خەلق» سارىيىدا زىيارەتكە كەلگەن كوتدىۋا زۇڭلىسى دانىيېر كابران دۇنكان بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىككى زۇڭلى جۇڭگو بىلەن كوتدىۋانىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەم رايون ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا كەڭ پىكىر ئالماشتۇردى.


لى پېڭ مۇنداق دېدى: جۇڭگو بىلەن كوتدىۋا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، سودا قاتارلىق ساھەلەردىكى دوستلۇق- ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تېز راۋاجلاندى. ئۇ مۇنداق دېدى: كوتدىۋا غەربىي ئافرىقىدىكى مۇھىم دۆلەت، جۇڭگو كوتدىۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. جۇڭگو بىلەن كوتدىۋا خەلقئارا ئىشلاردا بىر-بىرىنى قوللاش، زىچ ھەمكارلىشىش ئەنئەنىسىگە ئىگە. جۇڭگو ھۆكۈمىتى كوتدىۋا ھۆكۈمىتىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا جۇڭگوغا قارشى تەكلىپ لايىھىلەرگە قارشى تۇرغان، جۇڭگونى قوللىغان ھەققانىي مەيدانىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

دۇنكان كوتدىۋا ھۆكۈمىتىنىڭ «بىر جۇڭگو» مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدىكى سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. لى پېڭ بۇنى مەدھىيىلىدى.

سۆھبەتتىن كېيىن ئىككى زۇڭلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ كوتدىۋا جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ماددىي ئەشيا تەقدىم قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئالماشتۇرۇلغان ھۆججەت، كوتدىۋاغا ياردەم بېرىلگەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش توغرىسىدىكى ئالماشتۇرۇلغان ھۆججەت، جۇڭگو گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكى بىلەن كوتدىۋا كانچىلىق ۋە نېفىت بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ نېفىتنى فىزىكىلىق تەكشۈرۈش ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى، جۇڭگو گېئولوگىيە- قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكى بىلەن كوتدىۋا كانچىلىق ۋە نېفىت بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ گېئولوگىيە، كان مەھسۇلاتلىرى ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش مۇددىئانامىسىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

سۆھبەتتىن ئىلگىرى لى پېڭ «خەلق» سارىيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، دۇنكان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قارشى ئالدى.

* * * * * * *



گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، كوتدىۋا زۇڭلىسى دۇنكاننىڭ ئېلىمىزگە زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**

## لى پېڭ فرانسىيىلىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8-ئىيۇل تېلېگراممىسى.** گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «خەلق» سارىيىدا فرانسىيە سان ـ گوبەن گۇرۇھىنىڭ زۇڭسەيى ... قاتارلىق ساھەلەرگىچە كېڭەيدى.

ئۇ سان ـ گوبەن گۇرۇھىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: سان ـ گوبەن گۇرۇھى تاختا ئەينەك، ئاۋاز ئۆتكۈزمەيدىغان ئىسسىق ساقلاش ماتېرىياللىرى، تۇرۇبا، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ساپال ۋە فارفور بۇيۇملار، بىلەي ...

# ۋيېتنام زۇڭلىسى جۇڭگونىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنىڭ سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لى پېڭ زۇڭلىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ھال سورىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېنېي، 6-ئىيۇل تېلېگراممىسى.** ۋيېتنام ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلىسى ۋۆۋەنجيې جۇڭگونىڭ جېجياڭ، گۈيجۇ ۋە ئەنخۇينىڭ بەزى رايونلىرىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ ئادەم ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ ئاينىڭ 5-كۈنى جۇڭگو گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى لى پېڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى ۋە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ۋۆۋەنجيې تېلېگراممىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە رەھبەرلىكىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ سۇ ئاپىتى پەيدا قىلغان ئاقىۋەتلەرنى بالدۇرراق تۈگىتىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.


# 11-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەيدىز كېسەللىكى يىغىنى ۋانكوۋېردا ئېچىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئوتتاۋا، 7-ئىيۇل تېلېگراممىسى.** كۆلىمى مىسلىسىز بولغان 11-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەيدىز كېسەللىكى يىغىنى بۈگۈن كانادانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋانكوۋېر شەھىرىدە ئېچىلدى.

دۇنيادىكى 125 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 15 مىڭ ئالىم، دوختۇر، سېستىرا، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ۋىرۇسىنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەر ۋە ئەيدىز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار بۇ قېتىمقى بىر ھەپتە ئېچىلىدىغان يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ نۆۋەتلىك يىغىننىڭ تېمىسى «بىر دۇنيا، بىر ئۈمىد»، يىغىندا، ئاساسلىقى، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ دۇنيادا يامراپ كېتىشى، ئەيدىز كېسەللىكىنى داۋالايدىغان دورىلار ئۈستىدىكى يېڭى پەن تەتقىقات يۈزلىنىشى ۋە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدۇ.

ب د ت نىڭ ئالاقىدار ئورگىنىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھازىر دۇنيادا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ۋىرۇسىنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەر ۋە ئەيدىز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار تەخمىنەن 21 مىليون 800 مىڭغا يېتىدىكەن. ئەيدىز كېسەللىكى يەنىلا تېز يامراۋېتىپتۇ. دۇنيادا كۈنىگە 8500 دىن ئارتۇق كىشى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ۋىرۇسىنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەر قاتارىغا قوشۇلۇۋېتىپتۇ. 80-يىللارنىڭ دەسلىپىدە بۇ كېسەللىك دۇنيادا تارقالغاندىن بۇيان 5 مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى.



7-ئاينىڭ 7-كۈنى 11-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەيدىز كېسەللىكى يىغىنى ئېچىلىش ھارپىسىدا بىر مۇنچە كىشى كانادانىڭ ۋانكوۋېر شەھىرىگە يىغىلىپ نامايىش ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر ئىلغارلىق، سىستېمىلىق ستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىشىنى مۇراجىئەت قىلدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**

# پراۋىشىچ : «سىربلار زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىنى تامامەن قولۇمغا ئالدىم» دېدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېلگراد، 4-ئىيۇل تېلېگراممىسى.** بوسنىيە- گېرتسېگوۋىنادىكى سىربلارنىڭ مۇۋەققەت زۇڭتۇڭى پراۋىشىچ بۈگۈن بېلگرادتا ئۆزىنىڭ 6-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن باشلاپ زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىنى تامامەن قولغا ئالغانلىقىنى ... ئىجرا قىلىش جەھەتتە، بولۇپمۇ بوسنىيە- گېرتسېگوۋىنادا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومۇمىي سايلام مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىدى.

## كارادىچ نېمە ئۈچۈن تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى؟

